## 3457 ـ ئاياللارنىڭ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئاياللارنىڭ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشى كېرەك بولامدۇ؟ئۇلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇشى ياخشىمۇ ياكى مەسچىتكە بېرىشى ياخشىمۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئاياللار ئۆچۈن ئۆيدە ئادا قىلىش ياخشى بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاياللارنى مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلىمەڭلار، ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ياخشىدۇر. [بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇللاھ "ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىشى ۋە بۇنىڭدىكى كەسكىنلىك" دېگەن بابتا كەلتۈرگەن. "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 7458– نۇمۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرۈلگەن].

بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ خاس ئورۇنلىرىدا ئادا قىلىشى بەك ياخشى بولىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايالنىڭ دالاندا ئوقۇغان نامىزى ھويلىدا ئوقۇغان نامىزىدىن ياخشى، خاس ھوجىرىسىدا ئوقۇغان نامىزى چوڭ ئۆيدە ئوقۇغان نامىزىدىن ياخشىدۇر. [بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد نامازنىڭ بارىسىدا ئاياللارنىڭ مەسچىتكە چىقىشى توغرىسىدىكى بابتا كەلتۈرگەن. سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 3833– نۇمۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرۈلگەن].

ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: مەن سىزنىڭ ماڭا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم، سىزنىڭ خاس ئۆيىڭىزدە ئوقۇغان نامىزىڭىز دالاندا ئوقۇغان نامىزىڭىزدىن ياخشى، دالاندا ئوقۇغان نامىزىڭىز ھويلىدا ئوقۇغان نامىزىڭىزدىن ياخشى، ھويلىڭىزدا ئوقۇغان نامىزىڭىز مەھەللىدىكى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىڭىزدىن ياخشى، مەھەللىڭىزدىكى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىڭىز مېنىڭ مەسچىتىمدە ئوقۇغان نامىزىڭىزدىن ياخشى دېدى، ئۇممۇ ھۇمەيدكە ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا ئايرىم ناماز ئوقۇيدىغان جاي ھازىرلىدى، ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇ جايدا ناماز ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىسنادى ئىشەنچلىك بولغان راۋىلاردىن كەلتۈرگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغاندەك، گەرچە ئاياللارنىڭ نامازنى ئۆيدە ئادا قىلىشى ياخشى بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ مەسچىتكە بېرىشى چەكلەنمەيدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: ئاياللار سىلەردىن مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا ئۇلارنى مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلىمەڭلار، شۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى بىلال ئىبنى ئابدۇللاھ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنى مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلەيمەن دېۋىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئوغلىغا قاراپ ئىلگىرى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەر بىلەن ئاھانەت قىلدى ۋە مەن ساڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بەرسەم، سەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن چەكلەيمەن دەمسەن دېدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى 667-ھەدىس].

لېكىن ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر بېكىتىلىندۇ:

1-تولۇق ئورۇنۇپ بېرىش.

2-خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك.

3- يولدىشىنىڭ رۇخستى بىلەن چىقىش.

شۇنىڭدەك مەسچىتنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسا ئۆزى يالغۇز بولسا مەھرەم بولمىسا، ماشىنىدا يات شوپۇر بىلەن بىرگە بېرىشى چەكلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلسا يولدىشىنىڭ ياكى ۋەلىلىرىنىڭ ئۇ ئايالنى مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلىشى توغرا بولىدۇ.

بىز ئۇستاز ئابدۇلئەزىز ئالى شەيختىن تەراۋىھ نامىزى توغرىسىدا، ئاياللىڭمۇ مەسچىتكە بېرىشى ياخشى بولامدۇ؟ دەپ سورىساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: ئاياللارنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزى ياخشى بولىدۇ دېگەن مەنىسى ئومۇم بولۇپ، تەراۋىھ نامىزى ۋە باشقا نامازلارمۇ شۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ، دېدى.

ئاللاھ تائالادىن بىزگە ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىشنى، قىلغان ئەمەللىرىمىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىن قىلىشنى سورايمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئالايھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت ــ سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.